نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈنۈملىك ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن

ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئامما ئارقا - ئارقىدىن ئۆيلىرىدىن چىقتى، زاۋۇتلارغا كىردى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

ئەۋەتىلگەن كادىرلار كارخانىلاردا تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا نەق مەيداندا ياردەم بەردى؛ دەل جايىدا قەلبنى ئىللىتىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى... يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست كارخانىلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

## ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

«ھازىر كۆڭلۈم خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى، ھەر ئايدا يەنە مۇقىم كىرىم قىلىدىغان بولدۇم، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇمدا گەپ يوق» دېدى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مۇغاللا بازىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدىكى شىنجاڭ خېسەي كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا ئايشىخان مەتتوختى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەپكىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ خۇشال ھالدا.

ئايشىخان مۇغاللا بازىرىنىڭ گۈزەل كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، بۇلتۇر يىل بېشىدا شىنجاڭ خېسەي كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىگە ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئىزچىل تىرىشىپ ئىشلەپ، نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى. «ھازىر مەن گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم، تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىم كېرەك» دېدى ئايشىخان.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ خېسەي كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىدە 400دىن ئارتۇق خىزمەتچى ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى، ئايشىخانغا ئوخشاش ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ تاشئېرىق بازىرى ئاتبېشى دۆڭ كەنتىدىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كەسپلەر باغچىسىدا، 22 ئىشچى رەڭلىك پولات رامكا ياساۋاتاتتى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى زاكاز بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتى تولۇپ تاشقاندى. 2018 - يىلى، كەنت ئاھالىسى ئالىم ئابلا بۇ يەرگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. «مەن بۇ خىزمەتنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئىشكىمنىڭ ئالدىدىلا ئىشلەيمەن، كىرىمىم مۇقىم، يەنە ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالالايمەن» دېدى ئالىم.

## ياردەم بېرىپ، يۆلەپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى چىلۇ سانائەت باغچىسىدىكى شىنجاڭ ئېدىر يۇيۇش بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشچىلار ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تەرتىپلىك ئوراپ قاچىلىنىپ سىرتقا توشۇلۇۋاتاتتى.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى «بىر كارخانىدا بىر سىياسەت بولۇش، بىر زاۋۇتتا بىر سىياسەت بولۇش» تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ، كادىرلارنى كارخانىلاردا تۇرۇپ ھۆددىگە ئېلىش، ئالاقىلىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر كارخانىدا بىردىن مۇلازىمەت بەنزىسى، بىردىن كارخانىدا تۇرۇشلۇق مەسئۇل كىشىنىڭ بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىش ئورنىغا قايتقان، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى ئاپىرىپ - ئەكېلىش، غىزالاندۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى ئۇقتىدىن ئۇقتىغا ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش، مەبلەغ قەرزى ئېلىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى.

دۆلەت ئېلېكتىر تورى كۇچا توك تارقىتىش چەكلىك شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان توك ۋە كۇچا شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىنى پار بىلەن تەمىنلەشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ شىركەتنىڭ نورمال، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۇچا شەھىرى ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا تەڭشەپ يۆتكەپ، يېشىل يول ئېچىپ، بۇ شىركەت سېتىۋالغان دىزېل، ئورېيا، ھاك تېشى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى ئۈددۈللاشتۇرۇپ، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، كارخانىلارنىڭ خادىملارنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلاشتى.

## «مۇداپىئە تورى»نى مۇستەھكەملەش

«يەرلىك ھۆكۈمەت بىزنى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، ماسكا قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى، يەنە ئالدى - كەينىگە چېپىپ ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، بىزنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشلۇق باشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.» 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، لوپ ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ ماكا يالغان چاچ ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى دىڭ پۇ مۇنداق دېدى: كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرالىشى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلغانلىقىدىن بولدى.

شىركەتكە قايتىپ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى، نىيە ناھىيەسى داجياڭ كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى زەيتۇنىخان بەدەۋلا زاۋۇتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدى: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ئۇچۇرلارنى سېلىشتۇرۇش، پۈتۈن بەدەننى دېزىنفېكسىيەلەش، ۋاقىتقا بۆلۈپ غىزالىنىش قاتارلىقلار.

داجياڭ كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتى ھەر كۈنى خادىملارنىڭ تۇرمۇش رايونى، خىزمەت رايونىنى دېزىنفېكسىيەلەپ، تور، تەشۋىقات قوللانمىسى ئارقىلىق يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ساۋاتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، قەرەللىك ھالدا پسىخىكا يېتەكچىسى تەكلىپ قىلىپ خادىملارنى پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەپ، خادىملارغا ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچ چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، كارخانا خادىملىرى ئۈچۈن «مۇداپىئە تورى»نى مۇستەھكەملىدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، پوسكام ناھىيەسى چۈگشىن سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈن ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ماشىنىلار گۈرۈلدەپ تۇراتتى، خىزمەتچى خادىملار ئاقما لىنىيەدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئوراپ قاچىلانغان خالتا - خالتا ئۇنلار تەرتىپ بويىچە ئىسكىلات سېخىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئارقىدىن ھەرقايسى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش نۇقتىلىرىغا توشۇلاتتى.

«خادىملارنىڭ بىخەتەر ۋە تەرتىپلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىركەت تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەپ، خادىملارنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ مەسئۇلى مەمەت تۇرسۇن.

(بېشى 1 - بەتتە)

6000 توننا سولياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش زاكاز تالونىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ بولغانلىقىنى، مەھسۇلاتنى توشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆز ناھىيەسىنى سولياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئەتراپتىكى ناھىيە(شەھەر)لەرنى سولياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلگەندە، شۆھرەت زاكىر بىرىنچى سەپتە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىناي دەپ قالدى، بۇ دەل سولياۋ يوپۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىت، دېھقانچىلىق مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. نۆۋەتتە گەرچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭ شىنتەي توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى يىلىغا 50 مىڭ توننا سۈنئىي يىپ ئىشلەپچىقىرىدۇ، 2000غا يېقىن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ. شىنجاڭ شىنتەي توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىغا كىرىش بىلەنلا، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. زاۋۇت ئۆيىدە ئىشچىلار تەرتىپلىك ھالدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. «تامىقىڭلار قانداقراق؟» «ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسىلەر؟» «ئۆيگە قايتمىغىلى قانچە ئۇزاق بولدى؟»... شۆھرەت زاكىر ئىشچىلار بىلەن سەممىمىي پاراڭلاشتى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: كارخانا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، بار كۈچ بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى پائال تۈگىتىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ساۋەن ناھىيەسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، داۋاملىق قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى نۆللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالىغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) «ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، نەپەس، ئېغىر كېسەل، يۇقۇملىنىش، پەرۋىش قىلىش، جۇڭيى، پسىخكا قاتارلىق تەرەپلەردىكى كۆپلىگەن پەن باشلامچىلىرى ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى تەڭشەپ تەقسىملەپ، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - قۇتقۇزۇش بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋاقىتدا ھەرقايسى جايلاردىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارغا يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ، ئىلمىي قۇتقۇزۇپ - داۋالاپ، ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئاغرىق مىساللىرىنى ۋاقتىدا قول سېلىپ داۋالاپ، جۇڭيى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، داۋالاش نەتىجە - ئۈنۈمىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا دوكلات قىلىنغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان جەمئىي 76 ئاغرىق مىسالىدىن، جەمئىي 73ى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۈچى قازا قىلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )دا ئۇدا 18 كۈن يېڭىدىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى كۆرۈلمىدى.

# شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنى سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىش تىجارىتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «نۆۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ياۋايى ھايۋانلارنى سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىش تىجارىتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلىشىدۇ» دېدى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋانلار - ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى ساۋ جيې، «بۇ خىزمەتنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، پۇختا ئىشلەش، ئىنچىكە ئىشلەش، مۇقىم ئالغا سىلجىتىش كېرەك. لېكىن بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭدا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش، سودىلىشىش، يېيىش ئومۇميۈزلۈك چەكلەندى».

ئالتاي تېغىدىن كوئېنلۇن تېغىغىچە، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار تەۋەلىكىدىكى قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىپ كۆپەيتىش ئورۇنلىرى، ھايۋاناتلار باغچىسى، سېرك ئۆمەكلىرى، شىنجاڭغا ئويۇن قويۇشقا كەلگەن سېرك ئۆمەكلىرى، قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆي ئىچىدە كۆرگەزمە قىلىش ئورۇنلىرى، ياۋايى ھايۋانلاردىن ياسالغان بۇيۇملارنى پىششىقلاش ۋە ياسالغان بۇيۇملارنى سېتىش كارخانىلىرى، كارخانىلار، دېھقانلار ئارامگاھلىرى، شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىش ئەھۋاللىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاشنى قانات يايدۇردى. زىيارەت قىلىش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئاساسىي قاتلامدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمەتچىلىرى باقمىچىلىق ئائىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر، قانۇن - نىزاملارنى پائال تەشۋىق قىلدى.

«ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئىستاتىستىكا قىلىش ئىنتايىن ئىنچىكە بولدى» دېدى ساۋ جيې. قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى بېقىپ كۆپەيتىش ئورۇنلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى مىسال ئالساق، سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ نامىلىرى، سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئادرېسى( GPS ئورۇن بەلگىلەش سانلىق مەلۇماتى)، ئەسلىھەلىرىنىڭ كۆلىمى، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەھۋالى، ئۆلگەن ياۋايى ھايۋانلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى ھەم ئۇسۇلى، كىنىشكىسى بار مال دوختۇرىنىڭ ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ئىستاتىستىكا قىلىنغان ئورۇنلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە چېتىلىدىغان قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى، ھايۋانلارنىڭ سانى، تۈر مەنبەسى كېلىش مەنبەسى، يەم - خەشەكنىڭ كېلىش مەنبەسى، بېقىپ كۆپەيتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان - ئالمىغانلىقى، تەستىقلىغان ئورگان، تەستىقلىغان ۋاقىت، تەستىقلىغان ھۆججەت نومۇرى، نەسەبنامە ۋە يەككە ئارخىپ تۇرغۇزغان - تۇرغۇزمىغانلىقى قاتارلىقلارغا قارىتا قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتكەن، لېكىن ئىجازەتنامە ئالمىغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىمۇ توغرا تىزىملاپ ئىستاتىستىكا قىلىش قانات يايدۇرۇلدى.

ياۋايى ھايۋانلاردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى پىششىقلاش ۋە سېتىش كارخانىلىرىدىن پىششىقلاش كارخانىلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ نامى، زاۋۇت ئادرېسى(GPS ئورۇن بەلگىلەش سانلىق مەلۇماتى)، كارخانا كۆلىمى، خام ئەشيا مەنبەسى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى، ياۋايى ھايۋانلاردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى پىششىقلاپ سېتىش ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى تىزىملاش تەلەپ قىلىندى. سېتىش كارخانىلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ نامى، زاۋۇت ئادرېسى(GPS ئورۇن بەلگىلەش سانلىق مەلۇماتى)، تاۋار نامى، يىللىق سېتىش مىقدارى، سېتىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇچۇرلار تىزىملاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ھەر دەرىجىلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئاپپاراتلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۇقۇم مەنبەسى، يۇقۇملۇق كېسەلنى كۆزىتىش، ئۆلچەش پونكىت - نۇقتىلىرىنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرىنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ، قوغداش - باشقۇرۇش تارماقلىرى - ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەم خادىملارنىڭ ئىشتاتىنى، ئىش ئورنىدا بولۇش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىدى. «بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئۇچۇرى ئەڭ تەپسىلىي بولغان ئىستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈپ رەتكە تۇرغۇزۇش ھېسابلىنىدۇ.» ساۋ جيې مۇنداق دېدى: «بىز بۇ خىزمەتنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قانات يايدۇرۇۋاتىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلەپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەمىنلەيمىز».

# ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ بىرىنچى سېپى چوڭ دەرسخانىدۇر

(بېشى 1 - بەتتە)

دەرس توختىسىمۇ ئۆگىنىشنى توختاتماي، ئوقۇغۇچىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئەمەلىيەتكە قاتناشتى، تەربىيەنى قوبۇل قىلدى. بۇنداق «بىرىنچى سەپتە ئۆگىنىش» گەرچە دەرسخانا شەكلىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ھاسىلاتى دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈمىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئېتىز بېشىغا بېرىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېقىن ئارىلىقتا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئۇلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە نەق مەيداندا مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، كەسپ ئاساسىنى پۇختىلىشىغا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇنداق ئالاھىدە مەزگىلدە، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگىنىش ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ رايون ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى ھېس قىلىپ، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشىغا تېخىمۇ پايدىلىق.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ بىرىنچى سېپىدە، ياش ئوقۇغۇچىلار جەزمەن يېڭى ھاسىلاتقا ئېرىشىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**